دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئېپوس

# باتۇر شاھ باغفىر

( جۇڭگو )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

15
1247.5
99

دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

# باتۇر شاھ كاڭغىر

ئاپتورى خۇدىيۇ ( جۇڭگو )

تەرجىمە قىلغۇچىلار : ئەخمەت مۆمىن تارىمى
ئوسمانجان مۇھەممەت
ئابدۇرېھىم قاھار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب جىلىن فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据吉林摄影出版社1994年4月第1版1994年4月第1次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر سابىت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت
پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا

دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

**باتۇر شاھ جاڭغىر**

ئاپتورى: ۋاڭ خۇەييۇ [جۇڭگو]
ئەخمەت مۆمىن تارىمى
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئوسمانجان مۇھەممەت
ئابدۇرېھىم قاھار

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ لۇڭيىدا باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
850×1168 مم، 32 فورمات، باسما تاۋىقى: 7
2005 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2005 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—4000
ISBN7—228—09504—9
(ئومۇمىي باھاسى 110.00 يۈەن) يەككە باھاسى: 11.00 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

马背英王江尔/王怀宇著；艾合买提译．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2005.8
ISBN 7－228－09504－9

Ⅰ.马… Ⅱ.①王… ②艾… Ⅲ.史诗－中国－古代维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 082970 号

责任编辑：安尼瓦尔·沙比提
责任校对：阿达来提·买合苏提
出版策划：艾尔肯·伊不拉音·飞达

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆隆益达印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 7 印张
2005 年 7 月第 1 版 2005 年 7 月第 1 次印刷

印数：1—4000

ISBN 7－228－09504－9
单价：11.00 元 (总定价：110.00 元)

# قىسقىچە مەزمۇنى

كەڭ زېمىندىكى بىپايان يايلاقتا، بۇرۇندىنلا باتۇر موڭغۇللا-
ر ياشايتتى. ئۇلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنى بۇمبا مەئىشەتكە تولغان
ئەلۋەك ماكان بولۇپ، باتۇر موڭغۇل پالۋانلىرى ۋەھشىي ئالۋاس-
تىلاردىن بۇ زېمىننىڭ خوجىلىقىنى تالىشىپ، ئىزچىل قانلىق
كۆرەشلەرنى قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار كەڭ يايلاقتا ھەمىشە قى-
لىچلىرىنى ئوينىتىپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشۇپ، جان - جەھلى
بىلەن مۇقەددەس زېمىنى بۇمبانى قوغدايتتى...

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

## مۇندەرىجە


بىرىنچى قىسىم — جاڭغىرنىڭ دۇنياغا كېلىشى ··· 1

ئىككىنچى قىسىم — ئالتۇنچېچىنىڭ سانىلنى بويسۇندۇرۇشى ··························· 13

ئۈچىنچى قىسىم — شىرمەت پالۋان خونگورنىڭ تۆمۈر بىلەك باتۇر بىلەن قانلىق ئېلىشىشى ······················ 25

تۆتىنچى قىسىم — باتۇر پالۋان سانىلنىڭ تەنھا غەرىبكە يۈرۈش قىلىشى ················ 34

بەشىنچى قىسىم — جاڭغىرنىڭ خونگور ئۈچۈن ئەلچىلىككە بېرىشى ················ 49

ئالتىنچى قىسىم — قانلىق جەڭ قىلغۇچى كىنىس ئالۋاستى شاھى ···················· 67

يەتتىنچى قىسىم — شىر خونگورنىڭ ئات ئوغرىسىنى قوغلاپ تۇتقانلىقى ·············· 87

سەككىزىنچى قىسىم — بۇمبادىكى يوقالغان شادلىقنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ················· 94

توققۇزىنچى قىسىم — تۆمۈر بىلەك پالۋاننىڭ بۇمبانى قوتۇلدۇرۇشى ···················· 111

ئونىنچى قىسسە شىرمەت باتۇر خونگورنىڭ شىر كەيپ بولۇپ يۇرۇشكە ئاتلانغانلىقى ···123

ئون بىرىنچى قىسسە جاڭغىرنىڭ تۆمۈر باشلىق يالماۋۇز ماڭنە بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشقانلىقى ·················· 135

ئون ئىككىنچى قىسسە سۇباتلىق يىگىت مىڭيەننىڭ تەنها يۇرۇشكە ئاتلانغانلىقى ·········· 152

ئون ئۈچىنچى قىسسە سۇباتلىق يىگىت مىڭيەننىڭ كۆزىپىتىش خانى كۆمەنى تىرىك تۇتقانلىقى ························ 170

ئون تۆتىنچى قىسسە ئۈچ كىچىك باتۇرنىڭ چوڭ يالماۋۇزنى پەم بىلەن تۇتقانلىقى ······ 186

ئون بەشىنچى قىسسە بۇمبانىڭ ئاخىرقى كۆرىشى ···198

### بىرىنچى قىسسە

# جاڭغىرنىڭ دۇنياغا كېلىشى

مانا مۇشۇنداق گۈزەل ماكاندا قەھرىمان جاڭغىر دۇنياغا كەلدى. ئۇ قاغان ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئۇلۇغ بوۋىسى تاغاي جاراقاغان، بوۋىسى تاڭسۇق بۇمبا قاغان، ئاتىسى ئۇجۇن ئارادارقاغان ئىدى. ئۇ تۇغۇلغان مەزگىلدە، بۇمبا بۇددا نۇرلىرىغا پۈركەنگەن، باياشاتلىققا تولغان، بەختكە چۆمگەنىدى.

ھالبۇكى، ۋەھشىي ئالۋاستى كورچىننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى بىلەن دەھشەتلىك ئۇرۇش بىردىنلا بۇمبانىڭ تىنچ تۇرمۇشىنى بۇزۇپ، ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن جاڭغىرنى ماكانسىز يېتىمغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. جاڭغىرنىڭ بارلىق تۇغقانلىرى ئۆلگۈچە تىز پۈكمەي جەڭگاھتا قۇربان بولۇپ، پەقەت جاڭغىرلا ئارغىماق ئارىنزالنىڭ ياردىمى بىلەن ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن جاڭغىر ئارىنزال بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ جان ساقلاپ، تۇرلۇك كۈلپەتلەرنى باشتىن كەچۈردى. ئۇ ھەمىشە تۇغقانلىرى ئۈچۈن قىساس ئېلىشنى كۆڭلىگە مەھكەم پۈكۈپ، جاپالىق مۇھىتتا ئەلەم ماھارەتلىرىنى مەشىق قىلىشنى قەتئىي ئۇنتۇمىدى.

بىر يىلدىن كېيىن جاڭغىر ئوبدانلا ماھارەت ئىگىلەپ، ئالۋاستى كورچىننى جازالاش نىيىتىگە كەلدى. كورچىننىڭ قەلئەسى تولىمۇ پۇختا، ئۇنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان يېرى ناھايىتى

مۇھىم بولۇپ، قوغدىنىش ئوڭاي، ھۇجۇم قىلىش تەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ جاڭگىر قىلچە قورقۇپ قالماي، ئۆزىنىڭ ئۇستۇن ماھارىتى ۋە باتۇرلۇقىغا تايىنىپ ئۇنىڭ مۇستەھكەم ئۈچ چوڭ ئۆتكىلىنى بىراقلا بىتچىت قىلىپ، ئۇنىڭ كۈچىنى تەلتۆكۈس يوقاتتى.

يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، جاڭگىر باتۇرلۇق بىلەن ئالۋاستى دۇركىنىغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئارغىمچى ئارىنىزالغا مىنىپ ئۇنىڭ تۆت چوڭ ئۆتكىلىنى بىتچىت قىلىپ، ئاخىر بۇ رەزىل ئالۋاستىنى يامانلىقتىن قايتۇردى.

جاڭگىر بەش ياشقا كىرگەن چېغىدا پاراسەتتە ۋە باتۇرلۇقتا تېخىمۇ يېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاغايدىكى بەش چوڭ ئالۋاستىنى تۇتۇپ، ئۇلارنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ توغرا يولغا ماڭغۇزدى.

ئەمما، دەل مۇشۇ يىلى بۇمبانىڭ پالۋىنى مۆڭكىن سىقىد-



رىق جاڭگىرنى تۇتۇپ كەتتى.

سىقسىرىق جاڭگىرنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ كىچىك باتۇرغا قاراپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن چەكسىز ئۇلۇغۋارلىقنى كۆرۈپ، خېلىغىچە ئارامسىزلاندى. ئۇ كۆڭلىدە: «ئەگەر بۇ بالىنى تىرىك قويسام، كېيىنچە ئەلنىڭ خوجىسى، جاھاننىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىشى چوقۇم» دەپ ئويلاپ، ئويلىغانسېرى تېخىمۇ تەشۋىشلىنىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئويىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاڭگىرنىڭ بىپەرۋا تۇرغىنىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئارقىسىدىن ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ پالتىسىنى كۆتۈرۈشىگە، بەش ياشلىق ئوغلى خونگور ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى توسۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن خۇنگور جاڭگىرغا سايىدەك ئەگىشىپ، ئۇنىڭ قايتا ئاتىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىغا پۇرسەت بەرمىدى.

سىقسىرىق جاڭگىرنى كۆزدىن يوقىتالمىغاندىن كېيىن، ھەمىشە خاتىرجەمسىزلىنىپ يۈردى. ئۇ جاڭگىرنى بالدۇرراق يوقىتىش ئۈچۈن ئاخىر بىر چارىنى ئويلاپ چىقتى، يەنى باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى.

بىپايان يايلاقتا ھەممىگە تونۇشلۇق ئالتۇنچېچى ئىسىملىك بىر چارۋىدار بولۇپ، ئۇنىڭ 80 مىڭ ئېسىل يىلقىسى بار ئىدى. ئەگەر جاڭگىر ئۇنىڭ يىلقىلىرىنى ئوغرىلاپ كېلىشكە ئەۋەتىلسە، ئۇ چاغدا ئالتۇنچېچى چوقۇم غەزەپلىنىپ، زەھەرلىك ئوقياسى بىلەن جاڭگىرنىڭ جېنىنى ئالاتتى.

سىقسىرىق شۇ ئويغا كېلىپ، يالغاندىن ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بولۇپ، جاڭگىرغا قول ئاستىدىكىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن جاڭگىر تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ يۇرۇشلىرىگە جېنىنى پىدا قىلىپ، شاپائىتىنى ياندۇرماقچى بولدى.

بىر كۈنى، سىقسىرىق ئاخىر جاڭگىرنى ئالتۇنچېچىنىڭ يىلقىلىرىنى ھەيدەپ كېلىشكە بۇيرۇدى. جاڭگىر سىقسىرىقنىڭ قەستىنى بىلمەي كۈن ئۆلتۈرۈش بىلەنلا ئاتلىنىپ، بىپايان ياي-

لاقتا كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئۈچ ئاي ماڭدى.
يەنە ئۈچ ئاي ماڭغاندىن كېيىن، جاڭغىر ئاخىر كۆككە تاقاشقان تەڭرىتېغىنى كۆردى. ئۇ تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ سوغۇق قانلىق بىلەن تۆۋەنگە نەزەر تاشلىۋىدى، يېقىنلا جايدا ئالتۇنچېچىنىڭ ھەيۋەتلىك ئوردىسىنى، سانىبا تېغىدىن تېرەن دەرياسىغىچە سوزۇلغان كەڭ يايلاقتا تولۇپ كەتكەن ئېسىل يىلقىلارنى كۆردى.
جاڭغىر پۈتۈن كۈچى بىلەن شۇنداق بىر ئېسقىرتىۋىدى، خۇددى ئۈچۈۋق ھاۋادا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك سەككىز تۈمەن يىلقا دۈپۈرلەپ چىپىپ كېلىشكە باشلىدى. ئاتلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن قالماي ئەسەبىيلەرچە چېپىشلىرىدىن خۇددى يەر ـ جاھان لەرزىگە كەلگەندەك بولۇپ، بىر دەمدىلا ياپيېشىل يايلاق تاپتاقىر ئېدىرلىققا ئايلاندى. جاڭغىرنىڭ ئارغىمىقى ئارىنزال يىلقىلاردىن نەچچە ھەسسە تېز چاپاتتى، شۇڭا جاڭغىر يىلقىلار-





此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

نىڭ ئالدى ـ كەينىدە چىپىپ يۈرۈپ ئۇلارنى ھەيدەپ، بىپايان يايلاقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى.

جاڭغىر سەككىز تۈمەن يىلقىنى ھەيدەپ يايلاقتا ئۈچ ھەپتە مېڭىپ بولغاندىن كېيىن، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان ئالتۇنچىچەـ جى ئاندىن ئالدىرىماي ـ تېنىمەي چوڭ تورۇق ئېتىنى ئېگەرلەشكە باشلىدى. ئۇ سېقسىرىقنىڭ يېرىدىن جاڭغىر ئىسىملىك بىر كىچىك پالۋاننىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇنلا بىلگەنىدى. ئۇـ نىڭغا مەلۇم ئىدىكى، بۇ كىچىك پالۋان يەتتە ياشقا كىرگەندىلا ئاندىن ئۆزىنى بويسۇندۇرالايتتى، ھالبۇكى بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلىشقا تېخى بالدۇرلۇق قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئالتۇنچىجى زەھەرلىك ئوقياـ سىنى ئېلىپ، چوڭ تورۇق ئېتىنى مىنىپ، ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىغان بۇ قاپ يۈرەك كىچىك ئوغرىنى جازالاشقا ئاتلاندى.

ئۇ ئۇچقۇر تورۇق ئېتىنى چاپتۇرۇپ يايلاقتا ساق ئۈچ ھەپتە ماڭغاندىن كېيىن، تېرەن دەرياسى بويىدا ئاخىر جاڭغىرغا يېتەـ شىۋالدى.

ئۇ دەريا بويىغا كېلىپ ئېتىدىن چۈشمەي تۇرۇپ شۇنداق قارىۋىدى، جاڭغىرنىڭ ھەدەپ يىلقىلارنى ھەيدەپ چېپىپ كېتىـ ۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاڭغىر ئىككى كىچىك ئېقىندىن ئۆتۈۋاتقان پەيتتە، سالماقلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى... زەربە بىلەن ئېتىلغان ئوق ھەش ـ پەش دېگۈچە نەق جاڭغىرنىڭ دۈمبىسىگە تېگىپ، مەيدىسىنى تېشىپ چىقتى.

جاڭغىر شۇ ھامان ئېسىنى يوقىتىپ، ھوشىدىن كېتىپ ئارغىماقتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ئەقىللىق ئانىزال ئىگىسىنىڭ ھالىنى بىلگەندەك ئۇنى يىقىتىۋەتمەي سىلىق چېـ پىپ، يىلقىلاردىن ئايرىلىپ ئالغا قاراپ ئوقتەك ئۇچۇشقا باشلىـ دى.

ئۇ شۇنداق چىپىپ سىقسىرىقنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندىلا ئاندىن جاڭغىرنى يەرگە تاشلىدى. بۇ ۋاقىتتا سىقسىرىق ئوقيا- سىنى ئېسىپ ئوۋغا چىقماقچى بولۇپ تۇر ۋۋاتاتتى. ئۇ جاڭغىر- نىڭ ئىمجان ھالىتىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە ئىنتايىن شادلاندى. مۇشۇنداق ئاقىۋەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئۇ بۇرۇنلا پەملىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاغچىسى ساندىغا: «ئۇنى توغراپ قىيما قىلىپ ئىت ـ توخۇلارغا تاشلاپ بەر!» دەپ ئېتىنى مىنىپلا كېتىپ قالدى.

ساندا ئاغىچا ئېرىنىڭ گېپىنى يىرالمايتتى، شۇڭا ئۇ ئەمدىلا قول سالاي دېيىشىگە، خونگور دەرھال جاڭغىرنى توسۇۋېلىپ، ئانىسىنىڭ قولىغا مەھكەم ئېسىلىپ: «ئانا، ئۇنى ئۆلتۈرمە، ئەگەر ئۆلتۈرسەڭ مېنىمۇ قوشۇپ ئۆلتۈر، جېنىم ئانا، دەرھال ئۇنىڭغا خاسىيەتلىك دوراڭنى چاپ، ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى زەھەر- لىك ئوقنى تارتىپ چىقىرىپ، بۇ بىچارە ئاكامنى قۇتۇلدۇرۇۋال» دەپ يالۋۇردى.

ساندا ئاغىچا ئوغلىنىڭ مېھرىبانلىقىدىن ھەم ئاق كۆڭۈللۈ- كىدىن تەسىرلىنىپ، ئېرىنىڭ تاپشۇرۇقىغا قارىماي جاڭغىرغا خاسىيەتلىك دورىنى چاپتى ھەم يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلىدى. جاڭغىر مەيدىسىدىكى ئوق تارتىپ چىقىرىۋې- تىلگەندىن كېيىن دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ خۇشاللىقىدا سەك- رەپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، خونگور يەنە بىر قېتىم جاڭغىرنى قۇتۇل- دۇرۇۋالدى، جاڭغىر بۇنىڭدىن چەكسىز مىننەتدار بولۇپ، خونـ- گور بىلەن ئاكا ـ ئۇكا بولۇشتى. ساندا ئاغىچا بۇ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ شۇنچە ئىجىللىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئىنتايىن خۇ- شاللاندى ھەم ئۇلارنىڭ شاراب ناخشىسى بىلەن شادلىقىنىڭ پەيزى- نى سۈرۈشى ئۈچۈن مول زىياپەت ھازىرلىدى. پۈتكۈل يايلاق ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ دوستلۇق غەزىلىگە جور بولۇپ، ناخشا سادا-

سى جىمى ئالەمنى قاپلىدى.
ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، ئوۋغا چىقىپ كەتكەن سىقسىرىق ھېچ قايتىپ كەلمىدى. بۇنىڭدىن ساندا ئاغىچا ئەنسىرەپ پەقەتلا خاتىرجەم بولالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى ئوغلىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا: «بالىلىرىم، ئاتاڭلار ئوۋغا چىقىپ كەتكىلى خېلى كۈنلەر بولدى، ھازىرغىچە قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، سىلەر بېرىپ ئىزدەپ بېقىڭلار» دېدى.
ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، دەرھال قورال ـ ياراغلىرىنى ئېلىپ جابدۇنۇپ، خۇددى كىرىچتىن ئايرىلغان ئوقتەك يولغا ئاتلاندى. ئۇلار سانسىز تاغ ـ دەريالارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىر سىرىداي تېغىغا چىقىپ شۇنداق قارىۋىدى، يىراقتا ئالتۇنچېچىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ھەيۋەتلىك ئوردىسىنى، ئوچۇق دالىدا تۇۋرۇككە باغلاپ قويۇلغان ئاتىسى سىقسىرىقنى، ئۇنىڭ كەڭ يايلاقتا چېپىپ يۈرگەن ئېتىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى كىچىك باتۇر ئالتۇنچېچىنى ئۆلتۈرۈشنى كۆزلەپ ئاتلىرىنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ پەسكە قاراپ ئوقتەك ئۇچۇپ، مەنزىلگە بارغۇچە ئۇنىڭ ئالتە چوڭ ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاجايىپ دەھشەتلىك جەڭلەرنى قىلدى. پۈتكۈل دالا نەيزە ـ قىلىچلارنىڭ ساداسىدىن لەرزىگە كېلىپ، قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى.
ئالتۇنچېچى ئىككى كىچىك باتۇرنىڭ پالۋانلىقى ۋە باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ، ئىچىدە: «ئۇلارنىڭ بىرى ھۆكۈمدارلاردەك شەۋكەتلىك جاڭغىر، يەنە بىرى سەركەردىلەردەك باتۇر خونگور، ئىككىسى ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقانىكەن، ئۇلارنى ھېچقانداق ئادەم بويسۇندۇرالمايدۇ» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال سىقسىرىقنى قويۇۋېتىپ، چەكسىز ئىززەت ـ ئېھتىرام بىلەن ئىككى كىچىك باتۇرنىڭ ئالدىغا چىقتى.
شۇنداق قىلىپ، تۆت باتۇر قول بېرىشىپ ئەپلىشىپ، ئات-

لىرىنى بوشىتىپ، ياراغلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، مەخمەلدەك ياپيې-
شىل چۆپلۈكتە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىپ گۆش يېيىش-
كەچ كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئېيتىشىپ پەيزى قىلىشتى.

ھەممىنى ئالدىن بىلىدىغان ئالتۇنچېچى ئارىلىقتا سىقسىرىق-
قا مۇنداق دېدى: «جاڭغىر يەتتە ياشقا كىرگەندە باتۇرلۇقتا
كامالەتكە يېتىدۇ. شەرقتىكى نەچچە مىڭ ئالۋاستى ئۇنىڭغا تىز
پۈكىدۇ، ئۇنىڭ ساپ دىل، شەخسىيەتسىز، قورقماسلىقنى كۆر-
گەن ئالتە مىڭ يىگىرمە پالۋان ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ.
ئۇنىڭ نامى يىراقلارغا تارىلىپ، داڭقى جاھاننى بىر ئالىدۇ.
سىقسىرىق بۇرادەر، سىز ئەل ۋە يۇرتنى جاڭغىرغا تاپشۇرسى-



ئىز، ئۇ چوقۇم بۇمبانى مىسلىسىز گۈللەتتىدۇ. ئۇ بالاغەتكە يېتىپ ئەر بولغاندا ئۇنىڭغا نومىن توگوسخاننىڭ قاغاننىڭ قىزى — مەڭگۈ كىچىك قىزلاردەك ياش تۇرىدىغان ئاگانى ئېلىپ بېرىڭ. ئۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ئوڭ قانات پالۋان بېشى بولۇپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىمەن. خونگور ئۇنىڭ سول قانات پالۋان بېشى بولۇپ كۈچلۈك ھەمدەمچى بولىدۇ. جاڭغىر تېزلا ئەتراپتىكى 40 قاغاننى بويسۇندۇرۇپ، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ، جاھانغا خوجا بولۇپ، ئالەمنى باي - باياشاتلىققا، شاد - خۇراملىققا تولدۇرىدۇ. بۇمبا چەكسىز بەختكە چۆمىدۇ.»

دەرۋەقە، ئالتۇنچېچى ئالدىنئالا ئېيتقاندەك، جاڭغىر يەتتە ياشقا كىرىپلا شەرقتىكى ئەللەرنى بويسۇندۇردى. ئارقىدىنلا ئەتراپتىكى 42 قاغاننى تىز پۈكتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى جاھانغا تارىلىپ، ھەيۋىسى ئالەمنى بىر ئالدى. ئۇ ئارغىمىقى ئارىنزال ئۈچقۇرلۇقتا كامالىغا يەتكەن، ئالتۇن ساپلىق نەيزىسى ئىتتىكلىكتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان، ئۆزىمۇ تازا تولۇپ قىرانغا يەتكەن ۋاقىتتا، 40 نەچچە قاغاننىڭ گۈزەللىكتە بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان قىزلىرىنى رەت قىلىپ، ساھىبجامال ئاگانى ئالدى. ئاگا گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بولۇپ، قاردەك ئاپئاق يۈزلىرى، قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرى ئەقلىنى لال قىلاتتى. ئۇ كۈلسە پۈتكۈل مەۋجۇدات تەڭ كۈلەتتى، يىغلىسا پۈتكۈل مەۋجۇدات تەڭ يىغلايتتى، ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن بارچە ئالەم مەستخۇش ئىدى.

پالۋان سىقسىرىق مۇشۇ ۋاقىتتا ئەل ۋە يۇرتنى جاڭغىرغا تاپشۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇمبا بەخت - سائادەتكە تولۇپ، پانىي دۇنيادىكى جەننەتكە ئايلاندى.

ئەل جاڭغىرغا ئاتاپ بىر تەڭداشسىز ئوردا بىنا قىلدى. ئوردا ئون قەۋەت بولۇپ پەلەككە تاقىشاتتى. پايانسىز ياپيېشىل يايلاقتا ئۇ خۇددى مەرۋايىتتەك يالتىراپ ئاجايىپ ھەشەمەتلىك،



ھەيۋەتلىك، سەلتەنەتلىك كۆ-
رۈنەتتى.

جاڭغىرنىڭ خان بولغانلى-
قى مۇناسىۋىتى بىلەن ئوردىدا
كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى.
جاڭغىر 44 پۇتلۇق تەختتە ئول-
تۇرۇپ، قول ئاستىدىكىلەرگە
ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ يوللى-
رى ھەققىدە تەلىم بەردى.
كۆپچىلىك قىمىز ئىچىپ گۆش
يېيىشكەچ ئۇنىڭ تەلىملىرىنى
بېرىلىپ ئاڭلىدى. پالۋانلار
جاڭغىرنى چۆرىدەپ يەتتە توپ
بولۇپ ئولتۇرۇشتى. ئاپئاق
ساقاللىق بوۋايلار، مېھرىبان
مومايلار، ساھىبجامال ئاغىچىلار، نازىنىن قىزلار ۋە ئوماق با-
لىلارمۇ ئايرىم - ئايرىم توپ بولۇپ ئولتۇرۇشتى.

كۆپكە ماھىر ئاگا كۆپچىلىككە مۇڭلۇق ساز چېلىپ بەردى،
ئۇنىڭ نازۇك، چاققان بارماقلىرى توقسان بىر تارلىق سازنىڭ
ئۈستىدە ئەركىن ھەرىكەتلىنەتتى. جاڭغىرنىڭ قوشاقچىسى —
سۇباتلىق يىگىت مېگىيەنمۇ ئۇنىڭغا جور بولۇپ لەرزان ناخشا
ئېيتتى.

جاڭغىرنىڭ ئوڭ قانات پالۋان بېشى — ئالدىن كۆرەر ئال-
تۇنچىجى بولدى. جاڭغىر ئۇنىڭغا بۇمباغا قارام 70 ئەلنىڭ چوڭ
ھوقۇقىنى بەردى. ئۇ ئۆتكەن 99 يىلدىكى سائادەت ۋە ئاپەتنى،
كەلگۈسى 99 يىلدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئوبدان بىلەتتى،
جاڭغىرنىڭ سول قانات پالۋان بېشى — ساددا ۋە سەمىمىي
خونگور بولدى. ئۇ جەڭگە ئاجايىپ ماھىر بولۇپ، ئۆزى يالغۇز



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com